2019 ـ يىل 7 ـ ئاي
17
چارشەنبە
维吾尔文 7月17日

# شىنجاڭ گېزىتى

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65—0002/—W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24759 ـ سان بۈگۈن 4 بەت

شى جىنپىڭ خەت ئەۋەتىپ جۇڭگو ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەپ مۇنداق تەكىتلىدى

## كەڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمەتچىلىرىنى ئىنتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، يېڭى دەۋرنى خاتىرىلەش، يېڭى دەۋرنى يېزىش، يېڭى دەۋرنى مەدھىيەلەش كېرەك

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى پەيتىدە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ تەبرىك خېتى ئەۋەتىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن قىزغىن تەبرىكلىدى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى كەڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمەتچىلىرىگە سەممىي سالام يوللىدى.

**(تەبرىك خېتىنىڭ تولۇق تېكىستى 4 ـ بەتتە)**

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭ ئىچكى موڭغۇلدا تەكشۈرۈشتە بولغاندا ھەم «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلغاندا مۇنداق تەكىتلىدى

# ئەسلىي مەقسەت ـ بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ شىمالىي قىسىم چېگرا رايونىنىڭ مەنزىرە لىنىيەسىنى تېخىمۇ يارقىن بەرپا قىلىش كېرەك



7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈندىن 16 ـ كۈنگىچە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ ئىچكى موڭغۇلدا تەكشۈرۈشتە بولدى ھەم «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلدى. 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، شى جىنپىڭ چىفېڭ شەھىرى كالاچىن خوشۇنى خېنەن كوچا باشقارمىسى مائەنشەن كەنتىدىكى كەنت ئاھالىسى جاڭ گولىنىڭ ئۆيىدە، ئاساسىي قاتلامدىكى كادىرلار، ئامما ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەتلىشىپ پىكىر ئالماشتۇرماقتا.

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى شېي خۇەنچى فوتوسى



7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈندىن 16 ـ كۈنگىچە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ ئىچكى موڭغۇلدا تەكشۈرۈشتە بولدى ھەم «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلدى. 7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، شى جىنپىڭ ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى تەبىئىي بايلىق نازارىتىگە كېلىپ نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلدى.

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى شېي خۇەنچى فوتوسى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، كۆكخوت، 7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يېقىندا ئىچكى موڭغۇلدا تەكشۈرۈشتە بولغاندا ھەم «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلغاندا مۇنداق تەكىتلىدى: ئەسلىي مەقسەت ۋە بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئېقىشنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈش، قۇرۇلمىنى تەڭشەش، خەلق تۇرمۇشىغا نەپ يەتكۈزۈش، خەۋپ ـ خەتەردىن مۇداپىئەلىنىش، مۇقىملىقنى قوغداشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ شىمالىي قىسىم چېگرا رايوندىن ئىبارەت بۇ مەنزىرە لىنىيەسىنى تېخىمۇ يارقىن بەرپا قىلىش كېرەك.

تومۇز مەزگىلىدىكى ئىچكى موڭغۇل، كۆپكۆك ئاسمان ئاپئاق بۇلۇت، سۇ، ئوت ـ چۆپلەر بولۇق ئىدى. 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈندىن 16 ـ كۈنگىچە، شى جىنپىڭ ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى لى جىخېڭ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى بۇ شياۋلىننىڭ ھەمراھلىقىدا، مەھەللە، ئورمانچىلىق مەيدانى، يېزا، ئالىي مەكتەپ، ئورگان ـ ئورۇنلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى يوقلىدى، ھال سورىدى، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنى تەكشۈردى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

■ ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش جەريانىدا «تۆت جايىدا بولۇش»نى تۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك: بىرىنچى، ئىدىيەۋى تونۇشنى تۇتۇش جايىدا بولۇشى كېرەك، ئۆگىنىشنى باشتىن ـ ئاخىرغىچە سىڭدۈرۈش، باش تېما تەربىيەسىنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىگە بولغان تونۇشنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇش، پارتىيەنىڭ ئەسلىي مەقسىتى ۋە بۇرچىغا بولغان تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، پارتىيە دۇچ كېلىۋاتقان خەۋپ ـ خەتەر، سىناقلارغا بولغان تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. ئىككىنچى، مەسىلىنى تەكشۈرۈش، كۆزىتىشنى تۇتۇش جايىدا بولۇشى كېرەك، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، مەسىلىنى تېپىش، توغرا تېپىش، يىلتىزىنى چوڭقۇر قېزىش، تىرىشىش يۆنىلىشى ۋە ياخشىلاش تەدبىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك. ئۈچىنچى، تۈزىتىش ـ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش جايىدا بولۇشى كېرەك، كېسەلگە قاراپ دورا بېرىش، مۇكەممەللەشتۈرۈشكە تېگىشلىك تۈزۈلمە ـ مېخانىزملارنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئېنىتۇپىتىشكە تېگىشلىك يوچۇقلارنى ياخشى ئېتىش، تەنقىدلەشكە تېگىشلىكلەرنى ئەستايىدىل تەنقىدلەش، بىر تەرەپ قىلىشقا تېگىشلىكلەرنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. تۆتىنچى، تەشكىلىي رەھبەرلىكنى تۇتۇش جايىدا بولۇشى كېرەك، ئاساسلىق رەھبىرىي يولداشلار باشلامچىلىق بىلەن ئۆگىنىشى، باشلامچىلىق بىلەن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشى، باشلامچىلىق بىلەن مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈشى ـ كۆزىتىشى، باشلامچىلىق بىلەن تۈزىتىشى ـ ئەمەلىيلەشتۈرۈشى، نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك.

■ ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا بىر مىللەت كەم قالسا بولمايدۇ؛ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، بىر مىللەتمۇ كەم قالسا بولمايدۇ. كومپارتىيە دېگىننى قىلىشى كېرەك ھەم چوقۇم قىلالايدۇ. مىللىي رايون ئاپتونومىيە تۈزۈمى دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي سىياسىي تۈزۈمى، مىللىي رايون ئاپتونومىيەسىنىڭ نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت تەجرىبىلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەش، بۇ تۈزۈمدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى، يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، مىللەتلەرنىڭ ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

ئوقۇشقا يېتەكلەش

شىنجاڭ گېزىتى باش ماقالىسى

## يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى يېزىش ۋە يازماق

7 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى يىغىنىغا قاتناشقان ۋەكىللەرگە بىر مۇنداق بىلدۈردى ——

**ئومۇميۈزلۈك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش، دەل جايىدا شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش، ئۇزاققىچە شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك**

(تەپسىلاتى 2 ـ بەتتە)

# 7 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى يىغىنى ئېچىلدى

## ۋاڭ ياڭ يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى



**7 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈندىن 16 ـ كۈنگىچە، 7 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى يىغىنى شىنجاڭ خوتەندە ئېچىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەركەز شىنجاڭ خىزمىتىنى ماسلاشتۇرۇش گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى ۋاڭ ياڭ يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.**

**□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى دىڭ لىن فوتوسى**

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، شىنجاڭ خوتەن، 7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر زوۋ ۋېي)** 7 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى يىغىنى 7 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈندىن 16 ـ كۈنگىچە شىنجاڭ خوتەندە ئېچىلدى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەركەز شىنجاڭ خىزمىتىنى ماسلاشتۇرۇش گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى ۋاڭ ياڭ يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش دۆلەت ئىستراتېگىيەسى، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم تەدبىر. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، يېڭى دەۋردە پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، توغرا ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى زىچ چۆرىدەپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئەلرايىنى مۇجەسسەملەشنى مەقسەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)